السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مەن زىمام بىن سەئلەبە بەنى سەئەد بىن بەكرنىڭ قېرىندىشى دىدى

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بىلەن مەسچىتتە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا، تۆگە مىنگەن بىر كىشى مەسچىتكە كىردى، تۆگىسىنى مەسچىتتە چوكلاندۇرۇپ ئاندىن باغلاپ قويۇپ، ئۇلتۇرغانلارغا قاراپ: سىلەرنىڭ قايسىڭلار مۇھەممەد؟ دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، بىز: يۆلىنىپ ئولتۇرغان بۇ ئاق يۈزلۈك كىشى دېدۇق، ئۇ ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا: ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇ كىشىگە: «ساڭا جاۋاپ بەردىم» دىدى، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا: مەن سەندىن بىر قانچە سوئال سورايمەن، سوئالنى قوپاللراق سورايمەن، كۆڭلىڭدە ماڭا ئاچچىقلانما؟دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «كۆڭلىڭگە كەلگەننى سورا» دىدى، ئۇ كىشى: سېنىڭ ۋە سەندىن ئىلگىركىلەرنىڭ رەببى بىلەن سورايمەن: ئاللاھ تائالا سېنى بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دىدى، ئۇ كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن! ئاللاھ تائالا سېنى بىزلەرنى بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟ دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دىدى، ئۇ كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن! ئاللاھ تائالا سېنى بىزلەرنى يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشقا بۇيرۇشقا بۇيرىدىمۇ؟ دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە» دىدى، ئۇ كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن! ئاللاھ تائالا سېنى بىزلەرنىڭ بايلىرىمىزدىن سەدىقە ئېلىپ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرىدىمۇ؟ دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دىدى، ئۇ كىشى: مەن سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەندىم، مەن قەبىلەمنىڭ ئەلچىسى، مەن زىمام بىن سەئلەبە بەنى سەئەد بىن بەكرنىڭ قېرىندىشى دىدى.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار مەسچىتتە پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بىلەن ئولتۇرغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز تۆگىگە مىنگەن بىر كىشى مەسچىتكە كىردى، تۆگىسىدىن چۈشتى ۋە ئۇنى باغلىدى، ئاندىن ئۇلاردىن : سىلەرنىڭ قايسىڭلار مۇھەممەد؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، بىز: بۇ يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك كىشى دېدۇق. ئۇ ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا: ئى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى دىدى. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «ساڭا ئاڭلاتتىم، سورىغىن جاۋاپ بېرىلىسەن». ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا: مەن سەندىن بىر قانچە سوئال سورايمەن، سوئالنى قوپاللراق سورايمەن، كۆڭلىڭدە ماڭا ئاچچىقلانما؟دىدى. يەنى: ماڭا ئاچچىقلانما، ئېچىڭ سىقىلمىسۇن، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «خالىغىنىڭنى سورىغىن»دىدى. ئۇ كىشى: سېنىڭ ۋە سەندىن ئىلگىركىلەرنىڭ رەببى بىلەن سورايمەن: ئاللاھ تائالا سېنى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دەپ ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن! ئاللاھ تائالا سېنى ۋە بىزنى بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدىمۇ؟ دىدى. (يەنى پەرز نامازلار). پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دىدى، ئۇ كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن! ئاللاھ تائالا سېنى بىزلەرنى يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشقا بۇيرۇشقا بۇيرىدىمۇ؟ دىدى، يەنى رامىزان روزىسىنى تۇتۇش. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دىدى، ئۇ كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن! ئاللاھ تائالا سېنى بىزلەرنىڭ بايلىرىمىزدىن سەدىقە ئېلىپ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرىدىمۇ؟ دىدى. (يەنى زاكات). پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم! ھەئە»دىدى، زىمام مۇسۇلمان بولدى، ئۇ

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئۆزىنىڭ قايتىپ بېرىپ قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن ئۆزىنى تونۇتتى، ئۇ بەنى سەئەد بىن بەكىرنىڭ قېرىندىشى زىمام بىن سەئلەبە ئىدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65044